# ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش ھېكايىلىرى كۆپەيدى، ھەممىسى كۆڭۈللەرنى ئىللىتتى

## تاراتقۇلار كۆزىدىن شىنجاڭغا نەزەر

□ نۇر گېزىتى مۇخبىرى ۋاڭ سى

ۋېن شيۇلەن تەتىلگە چىقتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتماي، ئولتۇراق رايوندا بىللە ئولتۇرىدىغان ئەركىن تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئەركىن تاغىسىنىڭ بالىسىنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۆزىنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىنى تىلغا ئېلىپ، ۋېن شيۇلەن كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەركىن تاغام بىزگە كۆپ ياردەم قىلدى، ئۇ دائىم بىزگە، ئۆتكىلى بولمايدىغان يالقۇنتاغ يوق، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق، دەيتتى. مېنىڭ ھازىر قىلالايدىغىنىم، تاغامنىڭ بالىلىرىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئۆگىنىشتە يەنىمۇ بىر بالداق ئۆرلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش».

ۋېن شيۇلەننىڭ سۆزىدىن بىر تەسىرلىك ھېكايە چىقىپ تۇراتتى: ئىككى يىل ئىلگىرى، ۋېن شيۇلەننىڭ دادىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندا پۇلى بولمىغاچقا داۋالىنالمىغان، ئۆيدە يەنە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككى بالا بار بولۇپ، بارلىق ئېغىر يۈك ئۇنىڭ ئاپىسى ۋۇ خۇاچيۇڭنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى. ئەركىن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىشى ئۈچۈن يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بەردى، يەنە ۋۇ خۇاچيۇڭغا ياردەملىشىپ ئاشخانىدىن خىزمەت تېپىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن قىيىنچىلىقتا قالغان بۇ ئائىلە خۇشال كۈلكىلەرگە تولدى.

ۋېن شيۇلەن تۇرۇشلۇق ئولتۇراق رايون تۇرپان شەھىرىدىكى يالقۇنتاغ خەلقنى بېيىتىپ ئەمىن تاپقۇزۇش ئولتۇراق رايونى ئىدى. بەش يىل ئىلگىرى، بۇ يەر چۆللۈك ئىدى، ھازىر خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، تۇجيا، موڭغۇل، قازاق قاتارلىق كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، تەۋەلىك رايوندىكى ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان ئاھالىلەر تۇرپان شەھىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىرىدىن كەلگەن.

ئەركىن قاتارلىق مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى ۋە ياردىمىدە، ۋۇ خۇاچيۇڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى بارا ـ بارا ياخشىلاندى، ۋېن شيۇلەنمۇ باشقىلارغا ياردەم بەرگۈچىلەر سېپىگە قوشۇلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەركىن تاغام بىلەن مەھەللىدىكى تاغا ـ ھەدىلەر ئائىلىمىزنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى، بىز بۇنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلايمىز، بۇ ھەم ماڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندۈردى».

2016 ـ يىلىدىكى بىر ياز كۈنىدە، ئاھالە چېن دېيۇەننىڭ ئاپىسى شۇ جاۋلەن يېرىم پالەچ بولۇپ قالغان 81 ياشلىق ئېرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشتى. دەل شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەھەللە كادىرلىرى ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىۋېتىپ، ئىككى ياشانغان كىشىنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى، بىر نەرسە يېمىگىنىگە يېرىم كۈندىن ئاشقانلىقىنى كۆردى. مەھەللە كادىرلىرى دەرھال ئىككى ياشانغان كىشىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. شۇ جاۋلەننىڭ ئوڭ پۇتى سۇنغان بولۇپ، كارىۋاتتا يېتىپ ئۈچ ئاي ئارام ئېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئوغلى قارامايدا خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، قايتىپ كېلىپ ئىككى ياشانغان كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئىمكانىيىتى يار بەرمەيتتى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەھەللىدىكى ئاھالىلەر ئۆزلۈكىدىن مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئىككى ياشانغان كىشىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى. مەھەللە ئەتراپىدىكى سەيۋەيشياڭ لازىجى ئاشخانىسىدىكى خۇيزۇ يىگىت مالىن ئۆزلۈكىدىن بۇ بىر مەيدان مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈشىگە قاتنىشىپ، ئىككى ياشانغان كىشىنىڭ ئۈچ ۋاق تاماقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئامال بار ئىككى ياشانغان كىشىنىڭ تاماقىنى ياخشىلاپ، پولو، لەڭمەن، سۈيۇقئاشنى ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى ھەم بۇ ئىشنى ئۈچ ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇردى. مەھەللە ئۇنىڭ ھېساباتىنى بوغماقچى بولغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: «پۇلنىڭ گېپىنى دېيىشمەيلى، بۇنى مەن چىن كۆڭلۈمدىن خالاپ قىلدىم. پەقەت قىيىنچىلىقى بار ئادەم بولسىلا، مەن ياردەم بېرىشنى خالايمەن، كېيىن مەن يەنە مۇشۇنداق قىلىمەن».

يىراق قارامايدىكى چېن دېيۇەن بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، قارامايدىكى يۇقىرى مائاشلىق خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ، خوتۇن ـ بالىسىنى ئېلىپ تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چېن دېيۇەن مەھەللىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىگە قوشۇلدى، قايسى ئۆيدىكى تۇرۇبىدىن سۇ ئېقىپ قالغان بولسا، قايسى ئۆيدىكى ئېلېكتر چىراغلىرى بۇزۇلۇپ قالغان بولسا، ياشانغان كىشىلەر سىرتقا چىقىشتا قىينالغان بولسا چېن دېيۇەن ھەممىسىگە ياردەم قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئازغىنا ياخشىلىقنى ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن، مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئولتۇراق رايوندىكى ئامما ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ئىش قىلىپ بېرىمەن، بىز مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى».

مەھەللىدە يۈزبەرگەن بۇ كىچىك ئىشلاردىن مۇجەسسەملەنگەن تەسىرلىك ھېكايىلەر مەھەللىدە ياشاۋاتقان ھەربىر كىشىنى تەسىرلەندۈردى. ھەر مىللەتتىن بولغان ئاھالىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ئائىلىسىگە قوشۇلۇپ، بىللە ئولتۇراقلىشىپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئىشلەپ، بىللە كۆڭۈل ئاچتى، كۆپچىلىك ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، سەممىي مۇئامىلە قىلىپ، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلەردىن، ھەممە ئائىلە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلەردىن بولۇشقا تىرىشىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى، مەھەللىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بەخت تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 2016 ـ يىلى، يالقۇنتاغ مەھەللىسى «ئىدىقۇت رايونى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن» بولۇپ باھالاندى، 2017 ـ يىلى «تۇرپان شەھىرى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن» بولۇپ باھالاندى، 2018 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن» بولۇپ باھالاندى، 2019 ـ يىلى «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

تۇرپان شەھىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئومۇمىي خەلق ھەرىكەتكە كېلىش، كادىرلار باشلامچى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشنى ئائىلىدىن، بالىلاردىن باشلاپ چىڭ تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى مەكتەپ تەربىيەسى، ئائىلە تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈردى، ھەر مىللەت ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ بىللە ئوينايدىغان، بىللە ئۆگىنىدىغان، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. پۈتۈن شەھەر بويىچە 39 مىڭ 900 ئادەم 4244 مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە ئۆزئارا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ھەر مىللەت ئامما بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈشتەك ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى.

**(7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى «نۇر گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاخىردىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، قەتئىي تۈردە ئىمتىھان ئېلىش ۋە قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئادىل، ھەققانىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن سىنىغا ئۇلاش ئارقىلىق ھەرقايسى جايلاردىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالىنى كۆزەتكەندىن كېيىن مۇنداق كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتى مۇقىم، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىمتىھاننى تەشكىللەش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، مۇلازىمەتكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر پۇختا، كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىلدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى داۋاملىق چىڭىتىپ، تازىلاش، دېزىنفېكسىيەلەش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ماسكا تاقاش، ئارىلىق ساقلاش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، شاۋقۇننى تۈزەش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق تۈرلۈك كاپالەت خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىخەتەر، ساغلام ئىمتىھان مۇھىتى يارىتىش كېرەك. ئىمتىھان ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پۈتۈن جەرياننى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ھالقىلارنى يوچۇقسىز جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىمتىھاندا كۆچۈرمىچىلىك قىلىش قاتارلىق قانۇن ـ بەلگىلىمىگە خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىمتىھان ئادىللىقىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى تەشكىللەش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئەڭ پۇختا تەرتىپ، ئەڭ قاتتىق ئىنتىزام، ئەڭ ئېسىل ئىستىل بىلەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنىڭ ئادىللىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تەشكىللەپ، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ تەكلىپ قىلىشنى چىڭىتىپ، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. خىزمەت ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سەككىز تۈرلۈك ئاساسىي تەلىپى»نى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا «ئالتىگە رۇخسەت قىلماسلىق» «ئوننى قاتتىق چەكلەش» «30نى قىلىشقا يول قويماسلىق» قاتارلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى چەكلەش بۇيرۇقلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ قېلىپلاشقان بولۇشى، ئادىل بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. «ئاشكارا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك ئۇچۇرنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇچۇرىدا «ئوننى ئاشكارىلاش»نى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ نازارىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك. بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، بىرى بايقالسا بىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قاتتىق زەربە بېرىپ، قەتئىي يول قويماسلىقى كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش، ئارزۇ تولدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇچۇر سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشەنچلىك ياردەم بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ساختا تەشۋىق قىلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىق قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، پاش قىلىش، قوبۇل قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداپ، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش، خاتىرجەم قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ ئىمتىھان خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتە بىللە بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تاۋلىدى، ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈردى. ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغاندا، بۇ مەكتەپتىكى 118 نەپەر شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا قېلىشنى تاللىغان ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، داشۆدىكى تۆت يىللىق ئۆگىنىش ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ھاسىلاتلىرىنى دوكلات قىلىپ، غەربىي قىسىمدا يىلتىز تارتىش، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈشتەك كۈچلۈك ئىرادىسىنى بىلدۈردى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ناھايىتى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۇلارغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، پۇختا قەدەم ئېلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن دەۋر بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ غايە ـ ئىنتىلىشىنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيە ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇش توغرىسىدا ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى يوللىدى.

«ئالىي مەكتەپ ھاياتى بىلەن خوشلىشىپ، جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىسسىق قانلىرىم ئۇرغۇپ، چەكسىز ھاياجانلاندىم.» 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى ياڭ جىڭدۇڭ باش شۇجىنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ، روھلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ، ئەڭ قىممەتلىك ئوقۇش پۈتكۈزۈش سوۋغىسى، ئەڭ گۈزەل كىشىلىك ھايات ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى، ئۆمۈر بويى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان سەممىي تاپشۇرۇق».

لىيۇ گېنجى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يازغان 118 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ، جاۋاب خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىنچىكە خۇشاللىققا چۆمدى. باش شۇجىغا خەت يېزىشتىكى ئەسلىي مەقسىتىنى ئەسلىگەندە، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۇ بىزنىڭ ئەڭ سەممىي ئويىمىز، بىز قەلب سادايىمىزنى باش شۇجىغا ئېيتىشنى ئويلىدۇق».

بۇ ئوقۇغۇچىلار ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن شىنجاڭغا ئوقۇشقا كەلگەن، تۆت يىل جەريانىدا تيانشاننىڭ جەنۇبىي شىمالىدا يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدى. «شىنجاڭ ھەقىقەتەن ياخشى جاي.» ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى گو دافا مۇنداق دېدى: بۇ يەردە ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، خەلق خاتىرجەم ياشايدىكەن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تەرەققىيات ۋەزىيىتى نامايان بولۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ مۇنداق دېدى: «‹بىر بەلباغ، بىر يول›نى ئورتاق بەرپا قىلىش ۋە يېڭى دەۋردە غەربىي قىسىمنى كەڭ ئېچىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ كۈچلۈك شەرق شامىلىغا ئەگىشىپ، ئىناق، مۇقىم شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جەزمەن بىز ياشلارنىڭ كۈرەش قىلىشى ۋە ئۆزىنى بېغىشلىشى بولۇشى كېرەك، ياشلىق باھارىمىزنىڭ ئىزىنى قالدۇرۇشىمىز كېرەك».

بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرى يېپيېڭى ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنىۋاتقان، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى ئۇرغۇتۇلۇۋاتقان ئۈمىدكە تولغان مۇنبەت تۇپراق. لىيۇ گېنجى مۇنداق دېدى: «ئوقۇش پۈتكۈزۈش پەيتىدە، بىز بۇ مۇنبەت تۇپراقتا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەردىن خۇرسەن بولدۇق، قەتئىي ھالدا شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلىشنى تاللاش بىلەن بىللە، بىزدە باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىش ئويى تۇغۇلۇپ، كۆپچىلىكنىڭ غەربىي قىسىمنى تىرىشىپ ياخشى گۈللەندۈرۈش ئىشەنچىسى، ئىرادىسىنى باش شۇجىغا ئېيتىشنى ئويلىدۇق».

«بىزنى بۇ يەردە ئېلىپ قالغىنى يەنە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جۇڭگو نېفىت داشۆسىدىكىلەرنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى.» ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى سۇڭ زىچى جۇڭگو نېفىت داشۆسىنىڭ ئاساسى بولغان بېيجىڭ نېفىت شۆيۈەننىڭ 1957 ـ يىلىدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك بۇرغىلاش كەسپىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەڭ قايىل ئىدى. ئۇلار تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن، ئۇلارنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھېكايىلىرى تاھازىرغىچە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تارقالماقتا. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ 118 نەپەر ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى پېشقەدەم بىر ئەۋلاد نېفىتچىلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا قېلىپ، چېگرا رايوندا تۆھپە يارىتىشنى تاللىدى. «بىز ‹قاراماي ناخشىسى›نى داۋاملىق ئېيتىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدىكى كەڭ زېمىنغا ئاتلىنىمىز» دېدى سۇڭ زىچى.

«بۇنچىۋالا كۆپ ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىنىڭ شىنجاڭدا قېلىپ، غەربىي قىسىمدا يىلتىز تارتىشنى خالىغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈندۈم.» ئوقۇتقۇچى شيې چېڭبىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: مەن داۋاملىق تۈردە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، ئاساسىي قاتلامغا ئاتلىنىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا تەربىيەلەيمەن، يېتەكلەيمەن.

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتى مەكتىپىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم مىزانى.» جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى چېن دائېن مۇنداق دېدى: بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار چوقۇم باش شۇجىنىڭ سەممىي تەلىمى، سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «مەن ۋەتەنگە نېفىت تەقدىم قىلىمەن» دەيدىغان ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچقا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىشى، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارغا جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن دەۋر بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ غايە ـ ئىنتىلىشىنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا سىڭدۈرۈپ، چېگرا رايوندا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ياشلىق ناخشىسىنى پۈتۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى كېرەك.

باش شۇجىنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنى قايتا ـ قايتا ئەسلەپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار چەكسىز روھلاندى، ئىشەنچى تولۇپ تاشتى، بوشاشماي ئالغا بېسىش، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىگە تولدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى ۋاڭ لياڭجېي مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭدا كۆڭلىمىزنى تۇختىتىپ، كەمتەر بولۇپ، يىلتىز تارتىپ، ئاساسىي قاتلامدىن ئىبارەت بۇ ‹بىلەي تاش›تا چېنىقىپ، ۋەتەننىڭ غەربىي قىسمىدا ياشلىق باھارىمىزنى جۇلالاندۇرىمىز».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆزىنىڭ غايە ـ ئىنتىلىشىنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيە ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا تاۋلىنىپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىلھام بەردى، بۇ، باش شۇجىنىڭ كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سەممىي غەمخورلۇقى ۋە سەممىي ئۈمىدىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى، شۇنداقلا باش شۇجىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى، بۇ، جەزمەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ئۇلۇغ كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چوڭقۇر ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

قاراماي شەرەپ ۋە ئارزۇغا تولغان بىر قەھرىمان شەھەر. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نېفىتچىلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بىلەن بىللە، «ھەممە يەردە يايپېشىل دەرەخ، ئېگىز بىنا، قىزىل بايراق» بولۇشتەك ئىجادىي ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بۈگۈنكى جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى 118 نەپەر ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلىشنى تاللىغانلىقى دەل ئەۋلادمۇئەۋلاد قارامايلىقلارنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا مەدھىيە ئوقۇغانلىق ۋە ۋارىسلىق قىلغانلىق بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى يۈكسەك كىشىلىك ھايات قىممەت ئىنتىلىشىنى جۇلالاندۇردى.

كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈش جانلىق ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ياشلىق باھار ئارزۇسىنى قاناتلاندۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەل سەھىپىسىنى پۈتۈپ، تىرىشىپ چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئالالايدىغان غەربىي قىسىم قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

«ئىرادە تىكلىگەنلەر غەلىبە قىلىدۇ، قىيىنچىلىقتىن قاچمىغانلار ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ». ئالغا ئىلگىرىلەش يولى ئەزەلدىن ئوڭۇشلۇق بولغان ئەمەس، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشلارنىڭ قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلىشىغا موھتاج. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەش ھەر مىللەت ياشلىرىنى تاۋلىدى، ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈردى. ياشلار ياخشى دەۋرگە توغرا كەلدى، زىممىسىگە ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەنگەن. كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار باش شۇجىنىڭ تەلىمىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، غايىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، يېڭى دەۋرنىڭ كۈرەش قىلغۇچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك؛ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى ياراملىق، ئىستېداتلىق كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك؛ پۇختا قەدەم ئېلىپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ غايىلىك، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەردىن بولۇشى كېرەك؛ جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈشنى ئۆمۈرلۈك ئېتىقادى قىلىپ، توغراققا ئوخشاش ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونىنى قىزغىن سۆيىدىغان، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرىدىغان، چېگرا رايونىنى قوغدايدىغان، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان جەڭگىۋار قوشۇنغا ئايلىنىشى كېرەك.

شىنجاڭ تارىخى ــ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش تارىخىدۇر. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم جاۋاب خېتى ۋە سەممىي غەمخورلۇقى جەزمەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ، بولۇپمۇ كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى غايە ـ ئېتىقاد مەنۋىيىتىنى پۇختىلاپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش يىلتىزىنى چىڭىتىپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، چېگرا رايوندىن ئىبارەت بۇ «چوڭ پېچ»تا تاۋلىنىپ، ئاساسىي قاتلامدىن ئىبارەت بۇ «بىلەي تاش»تا چېنىقىپ، ۋەتىنىمىز ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا ياشلىق باھارىنى جۇلالاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)